# بەش سەرکۆ ئەزا



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئادەم بەدىنىدىكى ھەرقايسى سەزگۈ
ئەزالار ئۆزىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە دە-تالاش قىپ قاپتۇ.



كۆز: - مەن بولمىسام ئىنسانلار ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيدۇ،
- دەپتۇ.



قۇلاق: - مەن ئەڭ مۇھىم ئەزا، مەن بولمىسام ھېچنەرسىنى ئاڭلىيالمايسىلەر، - دەپتۇ.




تېره: - ياق، مەن ئەڭ كۈچلۈك، مەن بولمىسام قاتتىق بىلەن يۇمشاقنى، ئىسسىق بىلەن سوغۇقنى قانداقمۇ پەرىقلەندۈرەلەيسلەر؟ - دەپتۇ.



بۇرۇن: - ياق، ياق، مەن ئەڭ مۇھىم ئەزا، مەن بولمىسام
قانداق نەپەس ئالالايسىلەر؟ ھەرخىل تائاملارنىڭ خۇشبۇيى
ھىدىنى قانداق پۇرىيالايسىلەر؟ - دەپتۇ.



تىل: - ياق، تائاملارنىڭ مېزىلىك تەمىنى مەنلا تېتىيالايمەن. مەن تاتلىق بىلەن ئاچچىقنى، تۇزلۇق بىلەن تۇزسىزنى، قىززىق بىلەن سوغۇقنى ئايرىيالايمەن. دېمەك، مەن ئەڭ كۈچلۈك، - دەپتۇ.



ئاخىرىدا ھەممە سەزگۈ ئەزالار بىر-بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: - بىز ھەممىمىز ئادەم بەدىنى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، ئىنسان ھېچبىرىمىزدىن بىھاجەت بولالمايدۇ، - دەپتۇ.

